# تامىقىڭلارنى بىر قاچىغا يېغىپ يەڭلار! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلاڭلار، ئاللاھ سىلەرگە تامىقىڭلاردا بەرىكەت بېرىدۇ

ۋەھشى ئىبنى ھەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز تاماق يېسەك قورسۇقىمىز تويمايدۇ، قانداق قىلىمىز؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر تاماقنى ئايرىم-ئايرىمىيەمسىلەر!» دېدى، بىز: شۇنداق دەپ جاۋاپ بەردۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تامىقىڭلارنى بىر قاچىغا يېغىپ يەڭلار! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلاڭلار، ئاللاھ سىلەرگە تامىقىڭلاردا بەرىكەت بېرىدۇ» دېدى

ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئۇلار يەيدۇ، تويمايدۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ تاماقنى ئايرىم-ئايرىم يېيىش بولۇپ بۇمۇ بەرىكەت تارتىلىپ كېتىشنىڭ سەۋەبىدۇر، چۈنكى تاماقنى ئايرىم يېگەندە ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئايرىم قاچىسىغا ئېلىپ يەيدۇ، تاماق بۆلۈنۈپ، بەرىكەت كۆتۈرىلىدۇ، يەنە تاماقنى بىسمىللاھ دېمەي يېيىش، ئىنسان تاماق يېگەندە بىسمىللاھ دېمەي يېسە، شەيتان تاماقنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يەيدۇ، تاماقتىن بەرىكەت كۆتۈرىلىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4212

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee